# بىز «مەررى زەھران دېگەن جايدا بىر توشقاننى ئۈركۈتتۇق، كىشىلەر قوغلاپ تۇتالماي چارچىدى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز «مەررىز زەھران» دېگەن جايدا بىر توشقاننى ئۈركۈتتۇق، كىشىلەر ئۇنى قوغلاپ تۇتالماي چارچىدى، مەن ئۇنى تۇتۇپ ئەبۇ تەلھەگە ئېلىپ كەلدىم، ئەبۇ تەلھە ئۇنى بوغۇزلاپ، ئۇنىڭ ئىككى پاقالچىقى ۋە قۇيرۇق تەرىپىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەۋەتكەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنى قوبۇل قىلدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەر بىلەن بىر سەپەردە بولدى، ئۇلار «مەررىز زەھران» دېگەن جايغا چۈشكەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ساھابىلىرى بىلەن مەككىنى پەتھى قىلغان يىلى بۇ ئورۇنغا چۈشكەن ئىدى. شۇ ئارلىقتا ئۇلار بىر توشقاننى ئۈركۈتكەن ئىدى، كىشىلەر ئۇنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن قوغلاپ باقتى، بىراق ئۇنى تۇتالمايلا چارچاپ قالدى، ئەنەس دەيدۇ: مەن ئۇنى تۇتىۋالدىم. ئەنەس شۇ كۈنلەردە قىران پەيتىدە ئىدى، ئەنەس ئۇنى ئانىسىنىڭ يولدىشى ئەبۇ تەلھەگە ئېلىپ كەلدى، ئەبۇ تەلھە توشقاننى بوغۇزلاپ، ئۇنىڭدىن ئىككى پاقالچىقى بىلەن دۇمبىسىنى، يەنى ئۇستى تەرەپتىن ئىككى پۇتىنىڭ تۇتۇشۇپ تۇرىدىغان جايىنى رەسۇلۇللاھقا ئەۋەتكەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭدىن يېگەن بولىشى مۇمكىن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/2958

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee